بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

41- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن، الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)» (سۈرە ئەنفال 60- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام غەلىبە قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمان جامائەتنىڭ تاقىتى يېتىدىغان ئەمەلىي ۋە رېئالىي تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ جامائەتنى قەدەملىرى خاتىرجەم دەسسەپ تۇرالايدىغان مۇستەھكەم بىر زېمىن بىلەن تەمىنلىمەي تۇرۇپ جامائەت ئەزالىرىنىڭ كۆزلىرىنى يۇكسەك بىر يىراقلىققا قارىتىپ قويمايدۇ. ئۇ بۇ جامائەتكە ئەزالىرىنىڭ پىترىتىگە ۋە تەجرىبىلىرىگە مۇۋاپىق ئەمەلىيەتچان سەۋەبلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇ شۇنداقلا بۇ جامائەتنى ھېلىقى ئالىي غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەمەلىيەتچان ھەرىكەتكە تەييارلايدۇ شۇڭا تاقىتىدە بار بولغان قۇۋۋەتنى تەييارلاش — پەرز جىھادقا ھەمراھ بولۇپ ئايرىلماي يۈرىدىغان يەنە بىر پەرز ئىبادەتتۇر. قۇرئان تېكىستى ھەرخىل تۈردىكى ۋە ھەرخىل شەكىلدىكى كۈچ-قۇۋۋەت تەييارلاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ شۇنداقلا ‹جەڭ ئېتى تەييارلاش› دېگەن قۇۋۋەتنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ چۈنكى بۇ قۇۋۋەت قۇرئان خىتاب قىلىنغان شۇ زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن تۈنجى قېتىملىق ئەڭ روشەن جەڭ ۋاستىسىدۇر. ئەگەر قۇرئان ئۇلارنى شۇ زاماندا تونۇلمىغان ھازىرقى زامان جەڭ ۋاستىلىرىنى تەييارلاشقا بۇيرۇغان بولسا ئىدى، ئۇ زامانىدىكى كىشىلەر تېڭىرقاپ قالغان بولاتتى. الله تعالى بۇنداق قىلىشتىن پاك ۋە ئۈستۈن زاتتۇر. نېمە بولسا بولسۇن، بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى بۇيرۇقنىڭ ئومۇمىي بولۇشىدۇر: ‹دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى تەييارلاڭلار!›...

ھەقىقەتەن ئىسلامدا يەر يۈزىدىكى ئىنساننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ھەرىكەتلىنىش ۋاستىسى بولغان قوراللىق كۈچ چوقۇم بولۇشى كېرەك. بۇ قوراللىق كۈچنىڭ دەۋەت مەيدانىدا قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى بولسا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ ئەقىدىنى تاللايدىغان كىشىلەرنى بۇ دەۋەتنى ئاڭلاشتىن توسۇلۇش ياكى بۇ دەۋەتنى ئاڭلاپ ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن قىيىن-قىستاق ۋە ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇش خەۋپىدىن خاتىرجەملەندۈرۈشتۇر. بۇ قوراللىق كۈچنىڭ ئىككىنچى ئىشى بولسا، مۇشۇ دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇپ دەككە-دۈككىگە سېلىش ئارقىلىق بۇ قوراللىق كۈچ ھىمايە قىلىۋاتقان دارۇل ئىسلام (يەنى ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى دىيار)غا تاجاۋۇز قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىشتۇر. بۇ قوراللىق كۈچنىڭ ئۈچىنچى ئىشى بولسا، بۇ دۈشمەنلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان دەرىجىدە قورقۇتۇش ئارقىلىق پۈتۈن يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ قوراللىق كۈچنىڭ تۆتىنچى ئىشى بولسا، يەر يۈزىدە ئۆزىگە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقتىن ئىبارەت ئىلاھلىق سۈپىتىنى دەۋا قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ توقۇلما شەرىئەت ۋە قانۇنلىرى ھەمدە ھاكىمىيەت كۈچى ئارقىلىق ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شۇنداقلا ئىلاھلىق ۋە ئىلاھلىقنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەڭ ئالىي ھاكىملىقتىن ئىبارەت ئىلاھىي خۇسۇسىيەتنىڭ يەككە الله قىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بارلىق قوراللىق كۈچلەرنى پاچاقلاپ تاشلاشتۇر.

ئىسلام قانداقتۇر قەلبلەردە ئەقىدە بولۇپ قارار ئېلىش ۋە دىنىي مۇراسىملارنى تەشكىللىك ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەنلا روياپقا چىقىدۇ دەپ قارىلىپ بولدى قىلىۋېتىلىدىغان ئىلاھشۇناسلىق قائىدە مۇراسىمى ئەمەس بەلكى رېئالىي ۋە ئەمەلىيەتچان ھايات يولىدۇر. ئۇ ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا تايانغان پۈتۈن مەنھەج ۋە يوللارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ مانا بۇ ماددىي كۈچلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش شۇنداقلا ئاشۇ بۇزۇق مەنھەج ۋە يوللارنى يۈرگۈزۈۋاتقان ھەمدە رەببانىي مەنھەجگە (يەنى الله نىڭ يولىغا) قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ھاكىم كۈچلەرنى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي يولنى بېكىتىشتىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان ھېچبىر جايى يوقتۇر. مۇسۇلمان كىشى مانا بۇ كاتتا ھەقىقەتنى جاكارلىغان ۋاقىتتا خىجىل بولماسلىقى ۋە كېكەچلەپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇ شۇنى ئېسىدە تۇتۇش كېرەككى، ئىسلام زېمىندا ھەرىكەتلەنگەن ۋاقىتتا ئىنسان ئازادلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ يەككە ئىلاھلىق ھوقۇقىنى بېكىتىدۇ ۋە بەندىلەرنىڭ ئىلاھلىق (يەنى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق) دەۋاسىنى بىتچىت قىلىدۇ چۈنكى ئىسلام ئىنسان تۈزگەن قانۇن ۋە يوللار بىلەن ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇ بىرەر داھىينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ياكى بىرەر دۆلەتنىڭ ياكى بىرەر تەبىقىنىڭ (يەنى سىنىپىنىڭ) ۋە ياكى بىرەر جىنسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇ رۇملۇقلارغا ئوخشاش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېتىزلىرىدا دېھقانچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئافرىقىدىن قۇل تۇتۇپ كېلىش، غەربتىكى كاپىتالىزم تۈزۈمىگە ئوخشاش بازار ۋە خام ئەشيالارنى قولغا كەلتۈرۈش، نادان ئىنسانلار ياساپ چىققان كوممۇنىست تۈزۈمگە ئوخشاش ئىدىيە مەزھەبلىرىنى باشقىلارغا زورلاپ تېڭىش دېگەندەك مەقسەتلەر ئۈچۈن ھەرىكەتلەنمەيدۇ بەلكى ئۇ — ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى الله تۈزگەن مەنھەج (يەنى يول) ئارقىلىق يەككە الله نىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىنى يۈرگۈزۈش ۋە يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى بەندىلەرگە قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدۇ...

مانا بۇ — ئىسلام دىنىنى ئاقلاش پوزىتسىيىسىدە بولغان ۋە ‹ئىسلام دىنى ئۆزىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماستىن بەلكى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ› دەپ ئىسلامدىكى جىھادنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ تىلى كېكەچلەۋاتقان روھىي مەغلۇبىيەتچىلەر بىلىۋېلىشى ۋاجىب بولغان زور ھەقىقەتتۇر. بىز ئەڭ ياخشىسى قورال كۈچى تەييارلاش ھەققىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ چەك- چېگراسىنى بىلىۋالايلى چۈنكى قۇرئان تېكىستى: ‹دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى تەييارلاڭلار› دەيدۇ.

مانا بۇ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ‹قولدىن كېلىش›تۇر. ھەتتاكى بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان جامائەت ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلگەنلىكى قورال كۈچى سەۋەبلىرىدىن ھېچبىر سەۋەبكە سەل قاراپ ئولتۇرۇپ قالمىسۇن.

قۇرئان تېكىستى يەنە قورال كۈچى تەييارلاشنىڭ بىرىنچى مەقسىتىگە ئىشارە قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ›...

مانا بۇ مەقسەت بولسىمۇ الله نىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىش بولۇپ، بۇ دۈشمەنلەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەم يەر يۈزىدىكى مۇسۇلمان جامائەتنىڭ دۈشمەنلىرى ئىدى. ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلار بىلىدىغان زاھىرىي دۈشمەنلەر ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان يوشۇرۇن دۈشمەنلەر باردۇر. ۋەھالەنكى، الله بۇ دۈشمەنلەرنىڭ سىرلىرىنى ۋە ماھىيىتىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. مانا بۇ دۈشمەنلەرنى ئىسلام قوراللىق كۈچلىرى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇلارغا بۇ ئىسلام قوراللىق كۈچلىرى يېتىپ بارمىغان تەقدىردە ھەم ئۇلار دەككە-دۈككىدە ياشاش كېرەك. شەرىئەتتە يەر يۈزىدىكى كاپىرلارنى قورقۇتالايدىغان بولۇش، الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ۋە دىن پۈتۈنلەي الله قا خاس بولۇش ئۈچۈن قورال كۈچى سەۋەبلىرىدىن قولدىن كەلگەنكى ۋاستىلەرنى توپلاپ يىغىش ۋە كۈچ-قۇۋۋەتلىك بولۇش قاتارلىقلار مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنغاندۇر.

قورال كۈچى تەييارلاشقا نۇرغۇن مال ۋە چىقىملار لازىم بولغانلىقى ھەمدە پۈتۈن ئىسلامىي تۈزۈم ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايەتتە جىھادقا بولغان دەۋەت الله يولىدا مال چىقىم قىلىشقا بولغان دەۋەت بىلەن بىللە كەلتۈرۈلدى: ‹سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)›...

ئىسلام — الله يولىدىكى جىھاد ۋە چىقىم قىلىشنى ئاسمانىي غايىگە زىت بولغان ھەرقانداق يەرلىك غايە ۋە شەخسىي مەقسەتلەردىن ھەمدە ھەرقانداق مىللىي ياكى سىنىپىي ھېس-تۇيغۇلاردىن مانا مۇشۇنداق تازىلاپ، الله قا خالىس قىلىش ئۈچۈن، الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش مەقسىتىدە ‹في سبيل الله› دېگەن ئۇقۇمغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇ تۇپەيلى دەسلەپتىلا شەخسلەرنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ شان-شۆھرىتى ئۈچۈن قوزغالغان ھەرقانداق ئۇرۇشنى ئۆز ھېساباتىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. كىرىم ئىزدەش ۋە بازارلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق ئۇرۇشنى ئىنكار قىلىدۇ. باشقىلارنى ئىزىشنى ۋە بوزەك قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق ئۇرۇشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ پەقەت بىرلا ھەرىكەت تۈرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ الله يولىدىكى جىھاد ھەرىكىتىدۇر. الله تعالى ھېچبىر جىنس، ھېچبىر ۋەتەن، ھېچبىر مىللەت، ھېچبىر سىنىپ، ھېچبىر شەخس ۋە ھېچبىر خەلقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىنى ياقتۇرمايدۇ بەلكى ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقى، سۇلتانلىقى ۋە ھاكىملىقىنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشىنىلا ئىرادە قىلىدۇ. ئۇ — ئالەملەردىن بىھاجەتتۇر لېكىن ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى بولسا پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن ياخشىلىق، بەرىكەت، ئەركىنلىك ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىدۇر («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۈچىنچى، مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شامدىكى دەمەشقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئاق مۇنارنىڭ قېشىغا چۈشۈشى. ئۇ دەججالغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن توپلانغان ۋە ھەق ئۈستىدە چىڭ قىلىۋاتقان تائىفەتۇل مەنسۇرا (يەنى الله تەرەپتىن ياردەمگە ھەقلىق بولغان تائىپە)نىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلار نامازغا تۇرغان ۋاقىتتا چۈشىدىغان بولۇپ، ئاشۇ تائىپىنىڭ ئەمىرى بولغان مەھدىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان لۇد دەرۋازىسىنىڭ قېشىدا ئۆزىنىڭ نەيزىسى بىلەن دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ. زېمىندا ئىسلام قانۇنى بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزۈپ كرېستنى چاقىدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە جىزيىنى بىكار قىلىپ، يەر يۈزىدە ئىسلامدىن باشقا ھېچقانداق دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. يەر يۈزىدە تىنچلىق، باياشاتچىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇممەتتىن ئۆزئارا ئۆچمەنلىك، ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. زېمىننى بەرىكەت قاپلاپ، ياخشىلىقلار ۋە مال-مۈلۈكلەر كۆپىيىدۇ. مالنىڭ كۆپلۈكىدىن مال سېتىۋېلىشقا ھېچكىم قىزىقمايدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ يەر يۈزى تىنچلىققا چۆمىدۇ.

تۆتىنچى، يەئجۇج-مەئجۇجنىڭ مەيدانغا چىقىشى. ئۇلار ھەربىر تۆپىلىكتىن ئالدىراپ چۈشۈپ ئېكىنزارلىقلارنى ۋە نەسىللەرنى قۇرۇتۇش ئارقىلىق زېمىندا چوڭ پاسات تېرىيدۇ. الله ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كىچىك-كىچىك قۇرتلارنى چۈشۈرۈش بىلەن، ئۇ قۇرتلار ئۇلارنىڭ دىماغلىرىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ خۇددى چېكەتكە ئۆلگەندەك ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ، زېمىن ئۇلارنىڭ سېسىق تاپلىرىغا توشىدۇ. ئاندىن الله ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر توپ قۇشلانى چۈشۈرىدۇ-دە، ئۇ قۇشلار ئۇ جەسەتلەرنى كۆتۈرۈپ زېمىننىڭ الله خالىغان يېرىگە تاشلايدۇ. ئاندىن كېيىن الله ئۇلارغا يامغۇر ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇ تاپلارنىڭ ھېچبىر قالدۇقىنى قويماي پاكىز تازىلايدۇ.

بەشىنچى، زېمىننىڭ كۆپ جايلىرىدا ئۈچ تەرەپلىك كاتتا يەر يۇتۇش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بىرى مەشرىقتە، بىرى مەغرىبتە ۋە يەنە بىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا.

ئالتىنچى، ئاسمان-زېمىننىڭ ئارىلىقىنى ۋە مەشرىق-مەغرىبنىڭ ئارىلىقىنى قاپلايدىغان قويۇق ئىس-تۈتەكلەرنىڭ چىقىشى. بۇ ئىس-تۈتەك مۇئمىنلەرنى زۇكامغا ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ؛ كاپىر، مۇناپىقلارنىڭ بەدەن تۆشۈكچىلىرىگە كىرىپ كەتكەنلىكتىن، كاپىر مۇناپىقلار ئىششىپ، سەمرىپ كېتىدۇ.

يەتتىنچى، قۇياشنىڭ كۈن پېتىشتىن چىقىشى. بۇنى ئىمان كەلتۈرگەنلەردىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ لېكىن ئۇ چاغدا كەلتۈرگەن ئىماننىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

**عَنْ عَائِشَةَ رضي الله عنها، قَالَتْ: «كَانَ رَسُولُ اللهِ ﷺ يَقُومُ مِنَ اللَّيْلِ حَتَّى تَتَفَطَّرَ رِجْلَاهُ، فَقُلْتُ لَهُ: <لِمَ تَصْنَعُ هَذَا يَا رَسُولَ اللهِ وَقَدْ غُفِرَ لَكَ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ؟> فَقَالَ: <يَا عَائِشَةُ، أَفَلَا أَكُونُ عَبْدًا شَكُورًا>»** (متفق عليه).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئائىشە رضي الله عنها دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى پۇتى يېرىلىپ كەتكەنگە قەدەر كېچىدە قىيامدا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله سىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرۇقلۇق نېمىگە بۇنچىۋالا قىلىسەن؟!> دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: <ئى ئائىشە، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ!> دېدى» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئائىشە رضي الله عنها ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللىرى باشقىلارغا قارىغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدىكى ھالەتلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلگەچكە، كاتتا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدىكى ئەھۋالى ھەققىدە سوئال سوراش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن قىيامدا تۇراتتى. الله تعالى بۇ ھەققتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ رَبَّكَ يَعْلَمُ أَنَّكَ تَقُومُ أَدْنَى مِنْ ثُلُثَيِ اللَّيْلِ وَنِصْفَهُ وَثُلُثَهُ وَطَائِفَةٌ مِنَ الَّذِينَ مَعَكَ وَاللَّهُ يُقَدِّرُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ عَلِمَ أَنْ لَنْ تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ عَلِمَ أَنْ سَيَكُونُ مِنْكُمْ مَرْضَى وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنْهُ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنْفُسِكُمْ مِنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِنْدَ اللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا وَاسْتَغْفِرُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلار (يەنى ساھابىلەر)دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى الله ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى الله بىلىدۇ، الله سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار. الله بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر الله نىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، الله قا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار). ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، الله تىن مەغپىرەت تىلەڭلار، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە مۇززەممىل 20- ئايەت). شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ گاھىدا كېچىنىڭ كۆپ قىسمىدا قىيامدا تۇرسا، گاھىدا كېچىنىڭ يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىدا قىيامدا تۇراتتى چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىبادىتىنى تولۇق قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز نەپسىگىمۇ راھەتلىنىش ھەققىنى بېرەتتى، يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېچىدە قىيامدا ئۇزۇن ياكى قىسقا تۇرۇشى ئۆزىنىڭ زېرىكمەسلىك ۋە ئاكتىپلىق ھالىتى بويىچە بولاتتى. ئۇزۇن قىيامدا تۇرغانلىقتىن ئىككى پۇتى ئىششىپ ئىچىدە قان ئۇيۇپ قېلىپ، نەتىجىدە پۇتى يېرىلىپ كېتەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە بەزى ياش ساھابىلەرمۇ كېچىدە قىيامدا تۇراتتى. مەسىلەن، ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ بەك ئۇزۇن قىيامدا تۇرغانلىقتىن يامانلىقنى قەست قىلىپ قالدىم». ئۇلار (يەنى ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەمراھلىرى) ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه دىن: «نېمە يامانلىق ئۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكتىن ئولتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت يامانلىقنى قەست قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

كېچىلىك قىيام (يەنى ناماز)نىڭ بۇنچىلىك ئۇزۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىلىك نامازدا ئوقۇيدىغان قىرائەتنى ئۇزۇن قىلغان چاغدا رۇكۇ، سەجدىنىمۇ ئۇزۇن قىلاتتى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ قىش كېچىلىرى بىر كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېقىن ۋاقىت قىيامدا تۇرسا تەخمىنەن يەتتە سائەت قىيامدا تۇرغان بولىدۇ چۈنكى ئۇ كېچىنىڭ ئومۇمىي ۋاقتى 12 سائەت. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ ھالىنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىڭ! مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز نەپسىنى سەۋرگە باسقان ۋە نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان. شۇڭا ئۇ «الله سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرۇقلۇق نېمىگە بۇنچىۋالا قىلىسەن؟» دەپ سورالغاندا: «شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

### ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، شۈكۈر — الله قا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئىنسان پەرۋەردىگارىغا قانچە ئىتائەت قىلغان بولسا شۇنچە شۈكۈر قىلغان بولىدۇ. شۈكۈر ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ «مەن الله قا شۈكۈر ئېيتىمەن، مەن الله قا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دەپ قويۇشى بىلەنلا بولمايدۇ بەلكى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە الله قا ئىتائەت قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن تىلىدا شۈكۈر قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، پەيغەمبەرلەرنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ۋە رەزىل بولغان كىچىك گۇناھلاردىن مەسۇم (يەنى پاك) ئىكەنلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن لېكىن رەزىل بولمىغان كىچىك گۇناھلار ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە «مەغپىرەت قىلىنغان گۇناھ» دېيىلگەن بۇ ئىشلار بىزدەك ئاددىي مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن گۇناھ دېيىلمەيدىغان ئەمما الله قا يېقىن مۇقەررەب بەندىلىرىگە نىسبەتەن يامانلىق دېيىلىدىغان ئىشلاردۇر. يەنى ئەۋزەل ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئاددىي مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يوللۇق بولسىمۇ لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نىسبەتەن گۇناھ ھېسابلىناتتى. بۇ خۇددى ئالىملارنىڭ ئارىسىدىكى «ئەبرارلار (يەنى الله قا ئىتائەت قىلغۇچىلار)نىڭ ھەسەنات (يەنى ياخشى دەپ قارىغان ئىش)لىرى مۇقەررەب (يەنى الله قا ئىنتايىن يېقىن بەندە)لەرنىڭ سەييىئاتلىرى (يەنى يامانلىقلىرى)دۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزىگە ئوخشايدۇ.

ئۈچىنچى، الله بەزى بەندىلەرنىڭ سالىھ ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆتكەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ۋە بەزى بەندىلەرگە ئورتاق بولسا، كېيىنكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى پەقەت رەسۇلۇللاھ ﷺ گىلا خاستۇر.

تۆتىنچى، پەرزلەرنى قىلىشتا نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش پەرز، مۇستەھەبلەرنى قىلىشتا بولسا نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش مۇستەھەبتۇر.

بەشىنچى، نەپسىنى ئىتائەتكە سەۋر قىلدۇرۇش — نەپسىگە قارشى جىھاد ھېسابلىنىدۇ. نەپسى بىلەن مانا مۇشۇنداق جىھاد قىلىش بەزى ئالىملار ئېيتقاندەك چوڭ جىھاد بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ الله پەرز قىلغان ھىجرەت، تەييارلىق، جىھاد ۋە ئۆزىنىڭ زېمىنىغا ھۆكۈم چىقىپ قالسىمۇ چىداش... دېگەنگە ئوخشىغان نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ۋە سەۋر قىلىش تەس بولغان ئىبادەتلەرنى تەرك قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر ئېيتقاندەك: «**سبحان الله، الحمد لله، الله اكبر...**» دېگەنگە ئوخشىغان كەلىمىلەرنى ئېغىزىدا دەپ قويۇش ۋە بىر قىسىم ئىبادەت شەكىللىرىنى ئورۇنلاپ قويۇش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. دېمەك، الله پەرز قىلغان ئىبادەتنى تەرك ئېتىپ «نەپسىم بىلەن چوڭ جىھاد قىلىۋاتىمەن ياكى نەپسىمنى تەربىيىلەۋاتىمەن» دېگەنلەر — سۆزىگە ئەمەلىيىتى زىت بولغان كاززابلاردۇر.

ئالتىنچى، الله بەرگەن نېئمەت — كۇفۇرلۇق قىلىشقا ۋە نانكورلۇق قىلىشقا ئەمەس بەلكى زىيادە شۈكۈر قىلىشقا سەۋەب بولۇشى ۋاجىبتۇر.

يەتتىنچى، مۇسۇلمان كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە نەفلە ئەمەللەرنى بېجىرىشى لازىمدۇر.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

شۇنداق قىلىپ مەزكۇر كىشىلەر قوراللىرىنى ئېسىشقان ھالدا كەئبىنىڭ قورغىنىغا كېلىشتى. كەئب ئۆيىدىن چۈشكەن چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى قوراللىرىنى كۆرۈپ ئىنكار قىلمىدى چۈنكى كەئب بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەسلەپتە كېلىشكەن كېلىشىم بار ئىدى. ئەبۇ نائىلە رضي الله عنه كەئبنىڭ خۇشپۇرىقىنى مەدھىيىلەپ، بېشىنى پۇراش ئۈچۈن ئىزنى سورىدى، كەئب كېرىلىپ پەخىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئىزنى بەردى. ئارقىدىنلا ئەبۇ نائىلە رضي الله عنه ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغىمۇ پۇراتتى. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يەنە ئىزنى سورىدى، يەنە شۇنداق قىلدى. ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم يەنە شۇنداق قىلدى ۋە بۇ قېتىمدا ئۇنىڭ بېشىنى تولۇق قاماللاپ ھەمراھلىرىغا: «بۇ الله نىڭ دۈشمىنىنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن قىلىچلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چېپىلغاندا سوقۇشۇپ كېتىپ نەتىجە بولمىدى. ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىر پىچاقنى كەئبنىڭ قورساق قىسمىغا تىقتى، ھەتتاكى پىچاق ئۇنىڭ ئەۋرىتىگىچە يېتىپ باراي دەپ قالدى. كەئب شۇنداق ئېچىنىشلىق ۋارقىرىدىكى، بۇ ۋارقىراشتىن ئەتراپىدىكىلەر قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇ جان ئۈزۈپ يەرگە يىقىلدى. قەلئە ئۈستىگە ئوتلار يېقىلدى لېكىن پىدائىيلار خاتىرجەم يېنىپ چىقىشتى. مۇسۇلمانلارنى پاراكەندە قىلغان پىتنە ئوتى ئاخىرى ئۆچۈرۈلدى. يەھۇدىيلارنىڭ «چايان»لىرى ئۇزۇن زامان ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىستىخبارات ۋە خەۋپسىزلىك ئىشلىرىنى ئالاھىدە تەرتىپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، كۇفرى ئومۇمىي جەھەتتىن كىچىك كۇفرى (يەنى دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان ۋە دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەب بولمايدىغان كۇفرى) ۋە چوڭ كۇفرى (يەنى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفرى) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ كۇفرىنى ئىشلىگەن كاپىر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئەسلىي كاپىر (يەنى ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ كاپىر بولغانلار)؛ يەنە بىرى بولسا مۇرتەد كاپىر (يەنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار).

مۇرتەد كاپىر ئاددىي مۇرتەد ۋە مۇرەككەپ مۇرتەد دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئاددىي مۇرتەد دېگىنىمىز — قولغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلار لېكىن تەۋبە قىلمىسا دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلاردۇر. مۇرەككەپ مۇرتەد دېگىنىمىز — قولغا چۈشۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلمەيدىغان، قولغا چۈشكەندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلىدىغان لېكىن چىن تەۋبە قىلسا ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغان ئەمما بۇ دۇنيادا تەۋبىسى قوبۇل قىلىنماي ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشى بولۇپ، بۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللاپ كاپىر بولغان ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللىماستىن ئادەتتىكى كۇفرى ئىشنى سادىر قىلىپ، بۇنىڭغا قوشۇپ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ نومۇسلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان ئۆلۈم كېلىدىغان جىنايەتنى قوشقان مۇرتەدلەر — مۇرەككەپ مۇرتەد دېيىلىدۇ چۈنكى شەرىئەتتە ئىنساننىڭ ئىشلىرى بېخىللىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. الله نىڭ ئىشلىرى بولسا كەڭچىلىك، ئۆتۈۋېتىش ۋە ئەپۇچانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. الله نىڭ ھەققىنى الله ئۆتۈۋەتكەن بىلەن، ئىنساننىڭ ھەققىنى شۇ ئىنسان ئۆزى ئۆتۈۋەتمىگۈچە الله ئۆتۈۋەتمەيدۇ شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەققى ئىنساننىڭ ھەققى قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەسلى كاپىرمۇ يەڭگىل ئەسلى كاپىر ۋە ئېغىر ئەسلى كاپىر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئېغىر ئەسلى كاپىر دېگىنىمىز — رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللىغان ياكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان كاپىرلار ئېغىر ئەسلى كاپىر دېيىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كۇفرىلىقىغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تىللاش ياكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش دېگەندەك ئىشلارنى قوشمىغان كاپىرلار يەڭگىل ئەسلى كاپىرلار دېيىلىدۇ. كەئب ئىبنى ئەشرەف دەل مۇشۇ ئېغىر ئەسلى كاپىرلارنىڭ ھەتتاكى كاپىرلارنىڭ ئىماملىرى (يەنى باشلىقلىرى، كاتتىۋاشلىرى)نىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۈچىنچى، ئېغىر ئەسلى كاپىر دېگەن زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن پىدائىي مۇجاھىدلارغا بىر قىسىم يەڭگىل كۇفرىلىقنى ئىشلەش دۇرۇس بولىدى. مانا بۇ — شەرىئەتتىكى «ئىككى زىياننىڭ بىرىنى تارتىشقا قىستالغاندا يەڭگىلىنى تارتىش ئارقىلىق ئېغىرىنى چېكىندۈرۈش دۇرۇس» دېگەن فىقھى قائىدىنىڭ دەلىلىدۇر لېكىن كۇفرى سۆزنى سۆزلەش توغرا كەلگەندە ئىمكانقەدەر ئىككى بىسلىق سۆزنى سۆزلەش لازىمدۇر چۈنكى بەزى ئالىملار ئىككى ساھابىنىڭ كەئبكە قىلغان سۆزىدىكى «بۇ ئادەم بىزدىن تولا سەدىقە سوراپ چارچىتىۋەتتى» ۋە «بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاپتىمىز» دېگەندەك دىنغا كىرگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلىش سۆزلىرىنى يەڭگىل كۇفرىلىق دەپ قارىغان. مانا بۇ ئىشلار شەرىئەتتىكى «زۆرۈرىيەت بىر قىسىم هاراملارنى ھالال قىلىدۇ» دېگەن فىقھى قائىدىگە دەلىلدۇر.

تۆتىنچى، پەيغەمبەرنىڭ يولى — نۆۋىتى كەلگەندە ھېكمەت ۋە گۈزەل

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلىش بولسا، يەنە نۆۋەتتە كەلگەندە ئادالەت ۋە ھەق بىلەن ھاكىملىق قىلىشتۇر؛ نۆۋەتتە كەلگەندە كەسكىنلىك بىلەن جازا يۈرگۈزۈش بولسا، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە مېھرىبانلىق بىلەن قورالىق جىھاد قىلىشتۇر.

بەشىنچى، گۇناھسىز كىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ۋە ھەقنى ئۆزىنىڭ ئەھلىگە قايتۇرىدىغان ياكى دۈشمەننىڭ سۈيىقەستلىرىنى بۇزۇۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ھىيلە-مىكىر قىلىش ــ شەرىئەت تەلەپ قىلغان ۋە ئۆرپ-ئادەت يولغا قويغان ئىشتۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇرۇش دېگەن تاكتىكىدۇر» دېگەن.

ئالتىنچى، يەھۇدىيلارنىڭ تاغۇتى كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ھالاك قىلىنىشى بولسا پۈتۈن يەھۇدىيلارغا كۈچلۈك بىر رىسالە (يەنى ئۇقتۇرۇش، بايانات، خىتاب ۋە چاقىرىق) بولدى. بۇ رىسالە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىخەتەرلىك گۇرۇپپىسى قانۇندىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى قوغلاشتا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق كۈچ ئىشلىتىشتىن بوشىمايدۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن يەھۇدىي قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپتە تۈزۈلگەن ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرنى جازالاشنى ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمەيدۇ. دېمەك، جىھادىي جامائەت ئىسلامىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان خەلقلەر بىلەن ئىسلامىي ھاكىم ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن ۋە ئەھدىلەرنىڭ ئابرۇيى ۋە ئىشەنچىسىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر.

يەتتىنچى، ئۇرۇش جىنايەتچىسى كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ جىنايەتلىرى:

1. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەزى سوئاللارنى تاشلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئورۇنسىز جېدەللىشىش ئارقىلىق قەستەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ۋە تېرىكتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش.

2. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇرۇش ئېچىشقا ئاشكارا قۇترىتىش.

3. ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرىنى نىشانلاپ تۇرۇپ شېئىر ئوقۇش.

4. بەدردە ئۆلگەن قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىغا يىغلاپ شېئىر ئوقۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ ئىنتىقام ئېلىشقا بولغان غەزىپىنى قوزغاش.

5. رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە مۆئمىنلەرنى ئاشكارا ھەجۋىيلەشتۈرۈش.

6. مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن قۇرەيش بىلەن قەسەملىشىش.

7. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قەستلەشكە ئۇرۇنۇش.

مانا بۇ يەتتە تۈرلۈك جىنايەتنىڭ ھەر بىرى مەدىنىنىڭ ھاكىمى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مەدىنىدە ياشاۋاتقان كاپىر قەۋملەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنغا ئوچۇق خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، بۇ جىنايەتنى ئىشلىگەنلەر ئۆلۈمگە ھەقلىق بولاتتى.

سەككىزىنچى، ساھابىلەرنىڭ پىدائىيلىق ئەمەلىيەتلىرىگە ۋە ئالاھىدە قىسىم ھەرىكەتلىرىگە بەس-بەستە ئالدىرايدىغانلىقى.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

* * * * * * * * * * * *



# تارىخقا نەزەر

## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

3. ھىجرىيە 300- يىلىدىن كېيىنكى پۈتۈن ئىسلامىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كۇفۇر ۋە جاھىلىيەت دەۋرلىرىدۇر چۈنكى ئۇلار: «شۇ دەۋر كىشىلىرى اللہ نى قويۇپ تەقلىد (يەنى ئۆرپ-ئادەت ياكى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ پەتىۋالىرىنى دەلىل سۈرۈشتە قىلماستىن تۇتۇش) دېگەن بۇتنى ئۇلۇغلىغان. ئەسلىدە مۇسۇلمان دېگەن مەيلى ئەقىدىۋى ياكى فىقھى ھۆكۈم بولسۇن ھەر قانداق دىنىي ئەھكاملارنى باشقىلارغا تەقلىد قىلماستىن دەلىللىرىنى بىلىپ تۇتۇشى كېرەك» دەپ قارىشىدۇ.

4. ھەتتا تۆت خەلىپىنىڭ بىرى بولغان تەقدىردىمۇ ھېچبىر ساھابىنىڭ سۆزى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھۆججەت ھېسابلانمايدۇ.

ئىككىنچى، ھىجرەت ــ بۇ جامائەتنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىككىنچى ئاساسىي يىلتىز بولۇپ، ئۇلار بۇ ئاساس ئارقىلىق جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھازىرقى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ھىجرەت ياكى ئىزلەت (يەنى چەتنەپ تۇرۇش) ماكان جەھەتتىكى ھېسسىي چەتنەش بولۇپ، ئۇلار: «خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر مەككە دەۋرىدە ياشىغاندەك بىزمۇ جامائەت بولۇپ ھەقىقىي ئىسلامىي ھايات تولۇق گەۋدىلىنىدىغان بىر شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەك» دېيىشىدۇ.

ئۇلار يەنە: «مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام بوزەك قىلىنىۋاتقان بۇ باسقۇچتا <مۇسۇلمانلار جامائىتى (ئەمەلىيەتتە ھىجرەت تەكفىر جامائىتى)>گە كىرىش ئارقىلىق خەلقتىن ھېسسىي جەھەتتە ئايرىلىپ ئىسلامغا بولغان ساداقىتىنى كۈچەيتىش كېرەك ھەمدە يېتەرلىك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىپ بولغۇچە جىھادتىن توختاشلىرى كېرەك» دەپ قارىشىدۇ.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

راھمانقۇل بىزنى ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىغا تەكلىپ قىلدى ۋە بىز ئۇ يەردە بەش كۈن ياخشى مېھمان بولدۇق. يازنىڭ ئوتتۇرىدىكى ۋاقىتلار بولسىمۇ بۇ يەردە قار ئۇچقۇنلىرى ۋە سوغۇق شامال ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. بىز بۇ يەردىكى كۈنلىرىمىزنى جەنۇب تەرەپتىكى تاغقا چىقىش بىلەن ئۆتكۈزدۇق ۋە 5500 مېتىردىن ئېگىز بولغان چوققىلاردىن بىر قانچىگە يامىشىپ چىقىپ بولدۇق. ۋاخان كارىدورىنىڭ شەرقىي بۆرجىكىدە تۆت دۆلەت چېگراسى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار تاجىكىستان، ئافغانىستان، شەرقىي تۈركىستان ۋە پاكىستان چېگرالىرىدۇر.

تۇرالغۇمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تەرگان (Tergan) جىلغىسى ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ جىلغا تاغدۇمباش پامىرغا تۇتىشىدىغان كىچىك جىلغىلارنىڭ بىرىدۇر ۋە بۇ جىلغىلار ئارقىلىق كىچىك پامىردىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرىدىغان ئېگىز ئۆتۈشمىلەرگە بارغىلى بولىدۇ. جىلغىنىڭ باش تەرىپى دېڭىز يۈزىدىن 5500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ يەرگە يېقىن ئەتراپتىكى سۈيى سۈزۈك بىر دەريانى سۇ بىلەن تەمىنلەپ بېرىدىغان چوڭ مۇزلۇق ئورۇنلاشقان. يان تەرەپتە نۇرغۇنلىغان جىلغىلار بولۇپ، ئەڭ چوڭ جىلغىدا چوڭ بىر مۇز پارچىسى دەريا ئېقىنىنى ئېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن دەريا سۈيى بۇ تەبىئىي توسمىدىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. بىزنىڭ ئېسىل قوتازلىرىمىزمۇ بۇ مۇز پارچىسىدىن ناھايىتى تەستە ئايلىنىپ ئۆتتى. جىلغىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى 4500 مېتىردىن 5500 مېتىرغىچە يۇقىرىلاپ ماڭىدۇ ۋە بۇ ئېگىزلىك بۇ رايونلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كەلگەن ئېگىزلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ھېسابلىنىدۇ.

بىز جىلغىلاردىن بىرىگە ياماشقان ۋاقتىمىزدا تۇيۇقسىز تاش گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، بەختىمىزگە يارىشا ھېچقايسىمىز يارىلانمىدۇق. قۇياشنىڭ ھارارىتى تاشلارنى ئىللىتقان چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پات-پات تاش گۈمۈرۈلۈشتىن چىققان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.

بىز راھمانقۇل بىلەن ۋاخان كارىدورى ھەققىدە ناھايىتى قىزغىن پاراڭلاشتۇق. بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) ۋاخان كارىدورىدا باھار پەسلىدە يامغۇر، قىش پەسلىدە مول قار ياغاتتى لېكىن بۇ ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغا كەلگەندە يامغۇر ۋە قارنىڭ مىقدارى ئازلاپ كەتتى. مۇزلۇقلارمۇ پەقەت ئېگىز جىلغىلاردىلا قېلىپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە مۇزلۇقلار سۇ بىلەن تەمىنلەۋاتقان دەريالارنى بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەڭ كامىدا يازنىڭ ئوتتۇرىغىچە ئېرىگەن قارلار سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. ھۆل-يېغىننىڭ ئازلاپ كېتىشى ئوتلاقلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى ۋە قىرغىزلارمۇ تۈنجى قېتىم ئوتلاقلارنى زىيادە ئىشلىتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرگە يولۇقتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەرقىي ۋاخاندا 2700 ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 3000 تۇياق ئەتراپىدا قوتازلىرى ۋە 30000 تۇياق ئەتراپىدا قويلىرى بار ئىكەن. ئاقئۆي ۋە قەغەز ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى ناھايىتى كەم بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار يىراق غەربىي ۋاخان رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىز راھمانقۇل بىلەن خوشلىشىپ بىشۇتىك كۆلىدىن ئاتلىق ئۆتتۇق ۋە تاجىكىستان چېگراسىنىڭ شىمالى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان كىچىك پامىر جىلغىسى ئەتراپىغا قايتتۇق. بۇزۇيگۇمبەزنىڭ شىمالىدا بىز غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە مېڭىپ ۋارم (Warm) ئۆتۈشمىسى ئارقىلىق ۋارم مۇزلۇقىدىن ئۆتۈپ سپەتغىز (Spadghiz) جىلغىسىغا كىردۇق. بۇ جىلغا ئادەمسىز رايون بولۇپ، بۇ يەرگە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان كەڭ مۇزلۇق جايلاشقان، بۇ يەردە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مىقدارى بىزنىڭ پەرەز قىلغىنىمىزدىنمۇ ئاز بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئېرىق بويلىرىغا جايلاشقان شالاڭ ئوت-چۆپلەر ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ يولىمىز ئىلگىرى شەرقىي ۋاخان تەرەپكە بېرىش جەريانىدا مۇشەققەت بىلەن كېچىپ ئۆتكەن باخاراك دەرياسى يۆنىلىشى بويىچە جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلدى.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



## سەبىلەر سەھىپىسى

تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. قاراڭغۇدا كۆرۈنەر، تاڭ ئاتقاندا مۆكۈنەر. ئۇ نېمە؟

2. توختىمايدۇ ماڭىدۇ، بېرىدۇ ھەم ئالىدۇ. ئۇ نېمە؟

3. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

ئۇزۇن ئارقان تۇتاشقىنى، مۆكۈشىدۇ،
كۆرۈشمەيدۇ،
ئاداۋىتى بارمىكىن تاڭ؟! بىر سورۇندا
كۈلۈشمەيدۇ.
ئۇچرىشاي دېگەندە قىزىرىشىپ
جىمىقىدۇ،
رەببىمىزنىڭ پىلانى بۇ، سىرلىرىنى كىم
يېشىدۇ؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:



1. ئاياغ.
2. غەلۋىر.
3. جەمئىي تۆت مۈشۈك.




■ 12- ئاينىڭ 25- كۈنى مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ دەمەشق ۋىلايىتى غەربىي غۇتا رايونىدىكى بەيتجان يېزىسى ئەتراپىدا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان.

■ 12- ئاينىڭ 25- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى فەتىھ قىلغان رايونىدىكى شەرئىي مەھكىمە 5 نەپەر جاسۇسنىڭ مۇرتەدلىك جىنايىتىنى ئىسپاتلاپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى لولاش رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل قول ئاستىدىكى 7 نەپەر ئەسكەر بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى سېپىغا قېتىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 26- كۈنى مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ L-39 تىپلىق كۆرەشچى ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 28- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى بىر قانچە يېزىلاردا مۇجاھىدلار تەرەپتىن ئورغۇنلىغان زىيانلارغا ئۇچرىغان:

بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى ئەبۇ دالى يېزىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان تەللە مەختاغا مەخپىي ھۇجۇم ئېلىپ بارماقچى بولغانىدا، مۇجاھىدلار پىستىرما قىلىپ تاغۇت ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن. بەششار ئەسەد ئارمىيىسى مەشرىفە يېزىسىغا ئىلگىرىلەشكە ئورۇنغاندا مۇجاھىدلار تەرەپتىن قويۇلغان مىناغا چۈشۈپ كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ماشىنىسىمۇ مۇجاھىدلار تەرەپتىن قويۇلغان مىناغا چۈشۈپ ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن. بۇ بىر كۈن جەريانىدا الله نىڭ مۇجاھىدلارغا بەرگەن ياردىمى بىلەن قېرىنداشلىرىمىز بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 60 قا يېقىننى ئۆلتۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 27- كۈنى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى بولغان لەشكەرگاھتا بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 31 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن، 21 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا، 21 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ غەزنى ۋىلايىتىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتىھ قىلغان. جەڭ جەريانىدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 17 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا، 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن ناتو ئارمىيىسى ئافغانىستاننىڭ روزىگان ۋىلايىتىدىكى ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىن چېكىنگەن. چېكىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى 45 كۈن ئىچىدە مەزكۇر ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى 116 قېتىم بومباردىمان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا چىدىمىغان كاپىرلار بازىنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

■ 12- ئاينىڭ 30- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام ئالاھىدە قىسىم مۇجاھىدلىرى سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى ئەيىنل ئەشىر رايونىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىگە قارشى ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن 11 نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپلىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 12- ئاينىڭ 30- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ئىمبىرا يېزىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يېزىنى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 2017- يىلىدىكى ئېلىپ بارغان جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇجاھىدلار بىر يىل جەريانىدا 7503 قېتىم ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، 48 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى قىلغان؛ كاپىرلارنىڭ 13 دانە تىكئۇچار ئايروپىلانى ۋە 7 دانە جاسۇس ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن؛ تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 289 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 124 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 14938 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 9430 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىدىن 4196 نەپىرى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان؛ 323 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى غەنىيمەت ئېلىپ 2976 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 31- كۈنى مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتىگە جايلاشقان رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇمەيمىن ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا قارىتا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ Sohoy-35، Sohoy-24، Antonov-72 تىپلىق ئايروپىلانلىرى بولۇپ جەمئىي 7 دانە ئايروپىلانى ۋەيران بولغان. رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، بۇ رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ 2015- يىلدىن بۇيانقى سۇرىيىدە ئۇچرىغان ئەڭ چوڭ زىيىنى ھېسابلىنىدىكەن.

■ 12- ئاينىڭ 31- كۈنى سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدە رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانى چۈشۈپ كېتىپ، 2 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن.

■ 1- ئاينىڭ 1- كۈنى مۇجاھىدلار سۇرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشقنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان خارىستا رايونىغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى باشلىغان. جەڭ بولۇپ ھازىرغىچە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز 350 ئەتراپىدا بىنا ئۆيلەرنى ۋە 411 نامدىكى بىر ئەسكىرىي بازىنى فەتىھ قىلغان. بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ۋە 3 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەسكىرىي قوماندانىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 11 نەپەر ئەسكەرنى ئەسىر ئالغان. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز يەنە 300 نەپەر ئەسكەر ۋە ئەسكىرىي مەسئۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەسكىرىي بازىنى مۇھاسىرىگە ئالغان.

■ 1- ئاينىڭ 2- كۈنى پاكىستاننىڭ بەلۇجىستان رايونىدا بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 20 دىن ئارتۇقىنى ئۆلتۈرگەن.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| سُعَالٌ، سُعْلَةٌ | يۆتەل | هَاتِ لِي دَوَاءَ السُّعْلَةِ | ماڭا يۆتەل دورىسى بېرىڭ |
| زُكَامٌ | زۇكام | الْأَطْفَالُ قَرِيبَةٌ مِنَ الزُّكَامِ فِي الشِّتَاءِ | باللار قىشتا ئاسانلا زۇكام بولۇپ قالىدۇ |
| إِلْتِهَابٌ | ياللۇغ | قَدِ الْتَهَبَ جُرْحُهُ | ئۇنىڭ يارىسى ياللۇغلىنىپ قاپتۇ |
| صُدَاعٌ | باش ئاغرىقى | صَدَّعَ رَأْسَ أَبِي فَجْأَةً | دادامنىڭ باش ئاغرىقى تۇيۇقسىز تۇتۇپ قالدى |
| أَلَمُ الْأَسْنَانِ | چىش ئاغرىقى | مُنْذُ قَدِيمٍ كَانَ أَلَمُ أَسْنَانِهِ | ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا چىش ئاغرىقى كېسىلى بار ئىدى |
| مُسْتَشْفَى، مَشْفَى | دوختۇرخانا | ذَهَبْتُ بِوَلَدِي الْيَوْمَ إِلَى الْمَشْفَى | مەن بۈگۈن بالامنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىم |
| طَبِيبٌ، دُكْتُورُ | دوختۇر | سَأَلَنِي الطَّبِيبُ عَنْ حَالَتِيَ الصِّحِّيَّةِ | دوختۇر مەندىن كېسەللىك ئەھۋالىمنى سورىدى |
| مُمَرِّضٌ | سېستىرا | زَوْجَةُ عَبْدُ اللَّهِ مُمَرِّضَةٌ | ئابدۇللاھنىڭ ئايالى سېستىرا |
| عِيَادَةُ النِّسَاءِ | ئاياللار بۆلۈمى | أَيْنَ عِيَادَةُ النِّسَاءِ يَا دُكْتُورُ؟ | دوختۇر! ئاياللار بۆلۈمى قەيەردە؟ |
| عِيَادَةُ الرِّجَالِ | ئەرلەر بۆلۈمى | يَعْمَلُ أَخِي الْكَبِيرُ فِي عِيَادَةِ الرِّجَالِ | مېنىڭ ئاكام ئەرلەر بۆلۈمدە ئىشلەيدۇ |
| عِيَادَةُ الْعَمَلِيَّةِ | ئوپېراتسىيە بۆلۈمى | أَيْنَ عِيَادَةُ الْعَمَلِيَّةِ؟ | ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قەيەردە؟ |
| تَنَاوُلُ الدَّوَاءِ | دورا ئىچىش | أَتَنَاوَلُ الدَّوَاءَ فِي يَوْمٍ مَرَّتَيْنِ | مەن كۈندە ئىككى ۋاخ دورا ئىچىمەن |

## پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشنىڭ 10 ياخشى پۇرسىتى

1. باللار تۇرمۇشتا يېڭى باشلىنىشقا يۈزلەنگەن ۋاقىت. يېڭى بىر يىل، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى ياكى باللار يېڭى ئۆگىنىش مۇھىتىغا كىرگەن ۋاقىتتا، باللاردا بىر خىل يېڭىچە سېزىم، يېڭىچە تەسىرات ھەم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇنداق پەيتتە ئاتا-ئانىلار باللارنى ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە قاراپ ئالغا يېتەكلىگەندە ئىشنىڭ بېشىدىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ (إن شَاء الله).

2. باللار ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خۇشال بولۇۋاتقان ۋاقىت. ئاتا-ئانىلار مۇبادا باللارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش ئاساسىدا ئۇلارغا قارىتا ئېنىق، كونكرېتنى تەلەپلەرنى قويسا قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ (إن شَاء الله).

3. باللار ئۈۋۈلچىلىق ھېس قىلغان ۋاقىت. ئاتا-ئانىلار تەشەببۇسكار، سوغۇققان، كەڭ قورساق بولۇپ، باللارغا ھېسداشلىق قىلىپ ئۇلارنى يېتەكلىسە، باللاردا بىر خىل رازىمەنلىك ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئاتا-ئانىلارنىڭ نەسىھىتىنى ئوڭايلا قوبۇل قىلىدۇ (إن شَاء الله).

4. ئۇستازى ئائىلە زىيارىتى قىلغان ۋاقىت. بۇ ۋاقىتتا ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۇستازىغا ئېيتىپ بىرىش بىلەن بىرگە يېتەرسىزلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىش لازىم بىراق يەڭگىللىك بىلەن «ئەرز قىلىش» ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

5. باللار قىيىن ئەھۋالدا قالغان ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقىت. بۇنداق ۋاقىتتا ئاتا-ئانىلار ئۇلارنى ئەيىبلىمەستىن بەلكى ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى ۋە قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

6. باللار چوڭراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ۋاقىت. بۇنداق ۋاقىتتا باللار چۈشىنىشكىزگە، ھېسداشلىققا ۋە ھالىغا يېتىشكە ئەڭ موھتاج بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا، باللارنى ئىزچىل تۈردە ياخشى تەرەپكە يېتەكلىگەندە ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولىدۇ (إن شَاء الله).

7. باللاردا مەلۇم شەيئىلەرگە قارىتا ئىشتىياق قوزغالغان ۋاقىت. بۇنداق ۋاقىتتا ئاتا-ئانىلار باللارنى پائال قوللاپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشى، بىلىم ئىزدەش ئىشتىياقىغا تۈرتكە بولۇشى ھەمدە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن تەپەككۇرىنى قوزغىتىشى لازىم.

8. باللار چوڭراق كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋاقىت. بۇ — باللارنى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، جامائەت ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرىدىغان كوللېكتىۋىزملىق كۆز قاراشقا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ ئاساسى.

9. باللار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋاقىت. باللار كۆپ ھاللاردا كۆڭلىدە: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم كېرەك!» دەپ ئويلايدۇ ھەم ئىرادە باغلايدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، باللارغا قارىتا مۇۋاپىق نىشان كۆرسىتىپ تەلەپلەرنى قويسا، ئۇلارنىڭ بىردەملىك قىزغىنلىقىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالايدۇ (إن شَاء الله).

10. مېھمان بولۇۋاتقان ۋاقىت ۋە مېھمان بار ۋاقىت. ئادەتتە باللارنىڭ ھەممىسى ياخشى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار كېلىدۇ شۇڭا ئۇنداق ۋاقىتتا چوڭلار باللارنىڭ غۇرۇرىنى قوغداشقا دىققەت قىلىشى، مېھمان ئالدىدا باللارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىقى، باللارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۆپرەك سۆزلىشى ھەمدە باللاردىن كۈتىدىغان مۇۋاپىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.